# 134495 ـ نىجاسەتنى يۇغاندا، ئۇنى يۇيۇش ئۈچۈن نىيەت قىلىشنىڭ شەرت قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا

**سۇئال**

بەزى ۋاقىتتا مەندىن مەزى چىقىدۇ، ئاندىن ئۇنى تازىلاش ئۈچۈن سۇخانىغا كىرىمەن، كىرگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە ئەۋرىتىمنى، ئىككى تاش بۆرىكىمنى يۇيىمەن، لېكىن بۇنى يۇيىدىغان ۋاقىتتا مەزى چىققانلىقتىن پاكىزلىنىشنى نىيەت قىلمايمەن، بۇنى نىيەت قىلىپ قايتىدىن يۇيىشىم كېرەك بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بەدەندىن كىيىمدىن ۋە باشقا ئورۇنلاردىن نىجاسەتنى يۇيۇشنىڭ نىيەتكە ئېھتىياجى بولمايدۇ، بەلكى نىجاسەت شۇ كىشى ئارقىلىق ياكى باشقا يوللار بىلەن پاكىزلانغان بولسا، نىجاسەت يۇقۇپ قالغان ئورۇن پاكىز بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەننى نىجاسەتنى تازىلاش ئۈچۈن بۇنى نىيەت قىلىش شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى نىيەت قىلمىسىمۇ نىجاسەتنى تازىلىۋەتسە بولىدۇ.

"پىقھى توپلاملىرى" 29-توم 95-بەتتە مۇنداق كەلگەن: " پىقھى ئالىملىرى نىجاسەتنى پاكىزلاشنىڭ نىيەتكە ئېھتىياجلىق بولمايدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن، نىجاسەتنى پاكىزلاشقا نىيەت شەرت قىلىنمايدۇ، نىيەت قىلمىسىمۇ نىجاسەتنى يۇيۇۋەتسە پاكىز بولىدۇ".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.